شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
21
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月21日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24886 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى

# 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىشى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىش ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئۆمەد قۇرۇلۇشىغا ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى يوللاپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئۆمەد قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ، كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** بۇ يىل ئۆمەد قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئۆمەد قۇرۇلۇشىغا ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى يوللىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆمەد قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، دىققەتنى ئوقۇشقا ياردەم بېرىش، ئادەم تەربىيەلەش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ئەنئەنىسىنى يېلتىز تارتقۇزۇپ، جەمئىيەتنى سېپەرۋەر قىلىش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مېھرى-بانلىق بىلەن ئۆزگىلەرگە ياردەم بېرىش ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش كۆۋرۈكى بەرپا قىلىپ، مىليونلىغان نامرات ئائىلىلەردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە كۈرەش قىلىدىغان ياراملىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ياردەم بەردى. ئۆمەد قۇرۇلۇشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇلازىمەت قىلىش، جەمئىيەت كېيىپىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۆمەد قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېڭى ياردەمچى كۈچ بىلەن تەمىنلەپ، يېڭى ئۆمەد ئۈرۈقى سېلىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ئۆمەد قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئۇلارنى سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئۆمەد قۇرۇلۇشى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى 1989 ـ يىلى تەشەببۇس قىلىپ يولغا قويغان، نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاشنى، نامرات رايونلاردىكى ئوقۇشنى قالغان ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپ قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇرچ قىلغان جەمئىيەت پاراۋانلىق ئىشلىرى. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايغا قەدەر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆمەد قۇرۇلۇشى جەمئىي 15 مىليارد 229 مىليون يۈەن ئىئانە قوبۇل قىلىپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار 5 مىليون 994 مىڭ 200 ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى، 20 مىڭ 195 ئۆمەد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇشقا ياردەم بەردى.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى ئالتۇنتاغ تونېلىدا يېشىل قۇرۇلۇش قىلىندى

# «تونېلدىن باشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايمىز»

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: «مەن ئاۋۋال بىر سەت ئىشنى دەي، بۇ ئىش مېنىڭ كېيىنكى خىزمىتىمدىكى ‹سەلبىي دەرسلىك› بولۇپ قالدى.» 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى ئالتۇنتاغ تونېلى قۇرۇلۇشىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىش ئۈستىدە توختالغاندا، جۇڭگو جۇڭگو تۆمۈريول تونېل ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى شىنجاڭ S6 بەلگە تۈرى دىرېكتورى گو چۈەن ئالدى بىلەن «ئائىلە سەتچىلىكى»نى ئاچتى.

ئالدىنقى كۈنى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئۈچ يىل ئالتە ئاي جەڭ قىلىشى بىلەن، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا ئەڭ ئۇزۇن تونېلى —— ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13.195 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتۇنتاغ تونېلى تۇتاشتۇرۇلدى. تونېل ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قوغداش رايونىدا تىبەت قۇلنى، تىبەت بۆكنى، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايتتى. بۇنداق يەردە قۇرۇلۇش قىلىشتا ئاجىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قانداق قوغداش قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى باشتىن ـ ئاخىر دۇچ كېلىدىغان بىر چوڭ خىرىس ئىدى.

2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، لىنىيە تەكشۈرگەندە، بىپايان چۆل ـ جەزىرە ۋە قاقاس تاغلارنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك «قۇرۇلۇشقا سۇ كېرەك، سۇ بولمىسا قانداق ئىش قىلغىلى بولسۇن» دەپ ئەندىشە قىلغانىدى. بىر كۈنى، گو چۈەن بىلەن ئىشداشلىرى بىر چەت جايدا بۇلاق سۈيى بارلىقنى بايقىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، دەرھال يۇگۇرۇپ بېرىپ رېشاتكا بىلەن قاشالاپ قويدى، «گەرچە سۇ بەك ئاز بولسىمۇ، لېكىن يوق بولغاندىن ياخشى، مەن خۇشاللىقىمدىن مۇھىت ئاسراش ئىشىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن».

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



ئاجايىپ گۈزەل كېرىيە

شىنجاڭ ياخشى جاي

بۇ، كېرىيە دەرياسى بويىدىكى بوستانلىق —— دەريابويى (11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان ئومۇمىي كۆرۈنۈش). كېرىيە دەرياسى كۇئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىپ، كېرىيە ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ دۇنيا بويىچە 2 ـ چوڭ كۆچمە قۇملۇق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرى رايونىغا چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ، دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى دەريابويى بوستانلىقىنى ھاسىل قىلىپ، «قۇم دېڭىز»دىكى چارۋىچىلارنىڭ ياشاشتا تايىنىدىغان ماكانىغا ئايلانغان. تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە ئادەمىيەت مەنزىرىسى ئۆزئارا گىرەلىشىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بىر گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسىنى تەشكىل قىلغان.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېن بوخەن فوتوسى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

# بېلىقىز يېزا ـ كەنتتىكى مودا «دارىن»غا ئايلاندى

□مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، جىڭ جو

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىر كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شەنبە بازار بازىرىغا قاراپ ماڭدى، ھاۋا ياخشى ئىدى، ئاسمان سۈپسۈزۈك، دەرەخلەر يايپېشىل بولۇپ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى يېزا مەنزىرىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شەنبە بازار بازىرىدا ئاپتوموبىللار ئۆتۈپ تۇراتتى، كوچا ياقىسىدا دۇكانلار كۆپ ئىدى، مەززىلىك تائاملارنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

بېلىقىزنىڭ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى مۇشۇ يەردە ئېچىلغانىدى. سۇس سېرىق رەڭلىك قىسقا چاچ، سۇس گىرىم، بېشىنىڭ چوققىسىغا قىستۇرۇۋالغان قارا كۆزەينەك بېلىقىزنى ناھايىتى مودا كۆرسىتەتتى. بۇ مۇلايىم، ئوچۇق ـ يورۇق يېزا ئايالىنىڭ ئىلگىرى ئۇچىسىغا قارا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدىغان، چۈمبەل ئارتىدىغان، يات كىشىلەر بىلەن ئاز ئۇچرىشىدىغان، ھەتتا قانداق كۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

خىزمەتتە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش

# باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يورۇشلۇق خەۋەر

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى نانا

بۇ يىل 9 ـ ئايدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆت تۈرلۈك باشلامچى بولۇپ مەخسۇس تۈزەش ۋەزىپىسى ۋە بەش تۈرلۈك تۈزەشكە قاتنىشىش ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 40 تۈزەش مەسىلىسى ۋە 50 ماددىلىق كونكرېت تۈزەش تەدبىرىنى ئېنىقلاشتۇرۇپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مەخسۇس تۈزەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەشكە ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تۈزەپ، تۈزەش تەدبىرلىرىنىڭ قۇرۇق بولۇپ قالماسلىقىغا، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ ھەممە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلى سەپلەش، ئىشلىتىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەپ، كونكرېت تەدبىر ياكى خىزمەت لايىھەسىنى تۇرغۇزۇپ تۈزۈپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى قەتئىي تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، مەخسۇس تۈزەشتە نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا سىجىل تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرايلى

# بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى.

يىغىنغا بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جىڭۋېي سۇن جىنلۇڭ مەخسۇس تېمىلىق دوكلات بەردى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى كومىتېتىنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

# ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى كادىرلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى بەردى.

لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى يىغىنىدا، لى پېڭشىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى